# بىز سىلىگە بەيئەت قىلدۇق، سىلىگە نېمىگە بەيئەت قىلىمىز؟دېدۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىسىلەر، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيسىلەر، بىر كېچە-كۈندۈزدە پەرز قىلىنغان بەش ۋاقىت نامازنى ئادا قىلىسىلەر، رەھبەرلەرگە ئىتائەت قىلىسىلەر(بىر سۆزنى مەخپى قىلدى) ئىنسانلاردىن بىر نەرسىنى سورىمايسىلەر

ئەبۇ مۇسلىم خەۋلانى مۇنداق دەيدۇ: ماڭا سۆيۈملۈك، ئىشەنچىلىك كىشى ھەدىس سۆزلەپ بەردى، ئۇ كىشى ماڭا بەك ياخشى كۆرەلگۈچى، مېنىڭ قارىشىمدا بەك ئىشەنچىلىكدۇر، ئەۋپ بىن مالىك ئەشجەئيي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز توققۇز ياكى سەككىز ياكى يەتتە نەپەر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا بەيئەت قىلمامسىلەر؟ دېدى، بىز يېڭىدىن بەيئەت قىلغان ئىدۇق، بىز: ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بىز سىلىگە بەيئەت قىلدۇق دېدۇق، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا بەيئەت قىلمامسىلەر؟ دېدى، بىز: ئەي ئاللاھنىڭ رۇسۇلى! بىز سىلىگە بەيئەت قىلدۇق دېدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا بەيئەت قىلمامسىلەر؟ دېدى، بىز قولىمىزنى ئېچىپ: ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بىز سىلىگە بەيئەت قىلدۇق، سىلىگە نېمىگە بەيئەت قىلىمىز؟دېدۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىسىلەر، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيسىلەر، بىر كېچە-كۈندۈزدە پەرز قىلىنغان بەش ۋاقىت نامازنى ئادا قىلىسىلەر، رەھبەرلەرگە ئىتائەت قىلىسىلەر(بىر سۆزنى مەخپى قىلدى) ئىنسانلاردىن بىر نەرسىنى سورىمايسىلەر»، مەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ بەزىسىنى كۆردۈم ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قامچىسى يەرگە چۈشۈپ كەتسىمۇ ھېچ بىر كىشىدىن ئۇنى ئېلىۋېتىڭلار دەپ سورىمايتتى».

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىرقانچە ساھابىلار بىلەن بىرگە بولغان بىر سورۇندا ئۇلاردىن ئۈچ قېتىم بەيئەت قىلىشنى ۋە تۆۋەندىكى ئىشلارنى لازىم تۇتۇشقا ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلغان: بىرىنچىسى: يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھنىڭ بۇيرىقىغا بويسۇنۇش، چەكلىمىلىرىدىن يىراق بولۇش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك. ئىككىنچىسى: بىر كېچە-كۈندۈزدە ئادا قىلىش پەرز بولغان بەش ۋاقىت نامازنى ئادا قىلىش. ئۈچىنچىسى: مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغان رەھبەرلەرگە ياخشى ئىشلاردا بويسۇنۇش ۋە سۆزنى ئاڭلاش. تۆتىنچى: ئېھتىياجلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھدىن سوراش، ئىنسانلاردىن بىر نەرسە سورىماسلىق دېگەن سۆزلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەس ئاۋازدا دېدى. ساھابىلار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قىلغان بېيئەتكە ئەمەل قىلدى، ھەتتا ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى راۋىي مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇ ساھابىلاردىن بەزىسىنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قامچىسى يەرگە چۈشۈپ كەتكەندىمۇ ھېچ كىشىدىن ئۇنى ئېلىپ بېرىشنى سورىمايتتى، بەلكى ئۆزى ئاتتىن چۈشۈپ ئېلىپ يەنە ئېتىغا مىنەتتى.